# كوره‌ش



№1 (12)

1947



## بو ساندا :

1 . شرقی توركستان انقلابچیل یاشلار تشكیلاتینینك برنجی قیتملق ایلی ویلایتلك كونفیرینسیه سی مناسبتی بیلەن .
2 . شرقی توركستان انقلابچیل یاشلار تشكیلاتی مركزی كومیتیت طرفیدین چاقرلغان برنچی نووەتلیك ایلی ویلایتلیك كونفیرینسیه دیك قراری .
3 . كوچاردا قیلیق واقیعه — — — — — ع . امینی .
4 . 1946 - یل 5 - دیكابردیكی غولجا تشكیلات اعضالرینینك قراری .
5 - آتوم اینیرگیەسینی تینچلقدا فایدیلینشقا نەمە توسقونلوق قیلیدو ؟
— — — — — ایركچی تەرجیمەسی .
6 - اویغور تاریخی هەم اولارنینك تلی توغرسیدا .
7 - ایككی حكایت — — — — ث . احمدی ترجیمەسی .
8 - چراغیم ( شعر ) — — — — جرعتی .
9 - حكمتلیك سوزلەر .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شرقی توركستان انقلابچل یاشلار تشكیلاتینك برن - جی قیتملق ایلی ولایتلیك كونفرینسیەسی مناسبتی بلەن

بوگونكی كونده اوزینك نظام نامه وه مستحكم انتظامیغا ایگه بولغان شرقی توركستان انقلابچل یاشلار تشكیلاتی وطنیمز شرقی توركستاندا استبداد حاكیمیتی حكمرانلق قلیب تورغان دەورلەرده تارماق حالدا بولسمو موجود ایدی بونونگغا دەلیل قلیب 1940 - 41 - یللاری ئورومچیده قورولغان « یاشلار آزادلق اومیگی » ، 1943 - یلی غولجه شهریده قورولغان «یاشلار انقلابی برلەشمیسی » ، 1944 - یلی آقسودا قورولغان « شرقی توركستان یاشلار اوچقونی » ناملیق یاشلارنك انقلابی تشكیلاتلرینی كورسوتوشكه بولدو . او كورەشچان - جنگوار تشكیلاتلار گەرچه شنك شی سەی وه گومینداننك حاكیمیتینی قاتتق سقیشیغا یولوقوب بەرباد بولغان بولسیمو ، قارا سیاستچی استبداد حاكیمیتلریگه قارشی خلقنك ، خصوصا یاشلارنك ایدی ، اوچمەس غضبینی قوزغیدی. شونك بلەن اولارنك آزادلق انقلابقا بولغان قرغن خیری - خواهلق محبتی انقلابی صفكه مستحكم اویوشوشینی وجودقا چقاردی .

دیمەك ، دوشمەن قانچه سققانسری خەلق شونچه انقلابقا بیقنلاشتی . شونداق قلیب زور اهمیتكه ایگه بولغان او وانتدیكی انقلابچل یاشلار تشكیلاتلاری خلقنك كوگلیده انقلابی تویغونی كوچەیتكەن بولسیمو ، اوزینك آساسی نیشانیسیغا قاریتلغان نظام نامه وه محكم انتظامیغا ئیگی تولوق ایگه امەس ایدی . شونك اوچون او تشكیلاتلارنك اعضالری مستبد جاللاتلری قولیدا قربان بولدی . شونداق بولسیمو ، او اوزینك موجود دەوریده قربان بولوشدین قورقماي مردلەرچه وطننك خلقنك خصوصا یاشلارنك نەشەدی دوشمەنلریگه تورلوك ضربەلەرنی بیریب كەلگەن ایدی . انقلابچل یاشلار تشكیلاتینك بولیدا كارانه هركتلریگه اوز واقتیدا دوشمەنلرمو اقرار بولغان .

انقلابچل یاشلار تشكیلاتینك یوقوریدا ایتلگەن گروهلرینك مغلوب بولیشی بر طرفدین بزگه آرتوق ایچنش بولسا ، یەنه بر طرفدن اونونك ایرادیسی ئەمتلیك تجربه ، ساواقلارنی بەردی . مانا شو مردانه یاشاریەزنك اشینی دوملاشتوروش وه مكممەللەشتوروش اوچون شرقی توركستان انقلابچل یاشلار تشكیلاتی دەورنك طلبی وه شرقی توركستان یاشلارینك عملی احتیاجیغا موافقلیشیب یاشلارنك اوزتشبثی بلەن شهریمز غولجیدا قایتیدین قورولدی .

بتون شرقی توركستان انقلابچل یاشلار تشكیلاتی قایتیدین قورولیشی بلەنلا دەسلەبكی قدەمده اوزینك اش نیشانیسی بولغان 42 ماددیلق نظام نامیسینی توزوب محاكمەدین اوتكوزوب ، شو اساسدا اش باشلیدی . تشكیلاتنك قورولغانلیغی ، یاشلارنك بو تشكیلات اطرافیغا اویوشوشی حقیده بتون شرقی توركستان یاشلاریغامرا-

جىمەت چەرىب اشقا جدى كرشنى .
شرقى تۈركستان انقلابچىل ياشلار
تشكيلاتىنىڭ مركزى كومىتىتى شەھرىمىز
غولجەدا قورولغاندىن كېيىن ايك آوال اش-
نى تشكيلى طرفىدىن تولوقلاش اچون كوچ
چقاردى . بتون شرقى توركستان ياشلارى-
غا مراجىعەت نامە يېزىب ، تشكيلاتنىڭ نظام
نامە وە اش قوللانمالرىنى توزوب شونو-
غا آساسلانغان تشكيلاتنىڭ دائىرەسىي-
نى كېڭەيتشكە باشلىدى . آز وقت ايچى-
دە مركزى كومىتەت قارمىغىدا ايلى ولا-
يتى بويىچە غولجە شەھرىدە 20 باشلانغوچ
تشكيلات ( كېيىنكى وقتدا 5 رايونلوق كو-
مىتەت ) ، چېلپەنزە ، سويدوڭ ، سومسول ،
توققوزتارا ، نىلقا ، مڭغول كورە ، قزىل
كورە ، كونەس ، بورىتالا ، آراشاڭ جىڭ
ناھىيەلىك كومىتەتلارى وە ماى تاغ بىۋاس-
طە رايونلوق كومىتىتى ، آلتاى تاربغاتاى
ولايتلىك كومىتەتلارى قورولوب ، رەسمى
اشقا كرىشدى .

تشكيلاتىمىز كوپچولوك ياشلارنىڭ سيا-
سى وە غايەوى روحىنى بر نوقتىغا اويوش-
توروش يوز يىسىدىن نظام نامەمىز بويىچە
تعليم - تربىيە حركەتلرىنى ، يول يوروق-
لارنى ، مراجىعەتلرنى كورەش ژورنالى
وە تاربغاتاى ولايتلىك كومىتىتىدە « انق-
لابچىل ياشلار » گېزىتىنىڭ نشر قىلىنىش اش-
لىرىنى يولغا سالدى ..

تشكيلاتىمىز خەلققە غەمخورلوق قلىب ،
تشويقى وە تربىيەوى اشلارنى اوروندى-
شى ، خەلقنىڭ بعضى حل قىلالمىغان مسئە-
لىلرى تشكيلات آرقلىق حل قلىنىشى عمدە
ارسىدا تشكيلاتىمىزنىڭ آبرويىنى كوتەروب ،
خەلقنىڭ خەيرى خواهلىقىغا ايگە بولدى .
بالخوز انقلابى رايونىكى 3 ولايت خلقى-
نىڭلا امەس ، قالغان 7 ولايت خلقىنىڭمو
دققتىنى اوزىگە جلب قلالىدى . بونىڭغا
انقلابى رايونىكى قيرىنداشلرىمىزنىڭ قاي-
تورولغوسى قرض وە رقەسىنى تشكيلاتىمىزغا
هدييە قلىب تشكيلاتىمىزنىڭ اقتصادى طر-
فىنىڭ تولوقلىنىشىغا غەمخورلوق قلىشى ،
اوندىن باشقە 7 ولايت خلقىنىڭ وەكىللرى
آرقىلىق تشكيلاتىمىزنى تبرىكلەب ئەوەتكەن
لوحە وە تبرىك نامىلرى ، « كورەش »
ژورنالىغا بولغان اشتياقى وە او جايلاردى-
مو تشكيلاتىمىزنىڭ قوروليشىنى صبرسزلىك
بلەن كوتوش آرزولارى عملى دەليل بولا
لايدو .

تشكيلاتىمىزنىڭ اقتصادى كون سايىن
رواجلاندى . معلومكى تشكيلاتىمىز مستقل
سياسى تشكيلات بولوب ، اقتصادى جهتدىن
فقط اعضالق بدىلىنى آساس قلىدو . دولت
آپپاراتىدا بولمىغانلىقتا هېچ قانداق دولت
كرىمىگە ايگە امەس . بو حقدە تشكيلاتى-
مىز يېڭى قورولوش كونلىرىدە اقتصادى طر-
فدىن معلوم مدتلىك ايغرچىلق جەريانىنى
كېزىب اوتكەن بولسىدو . لېكن تشكيلات
اعضالرىنىڭ قزغىن اشلىشى وە تشكيلاتىمىز
ئەمەلىنىڭ حيمايىسىگە ايگە بولوشى بلەن اقتصا-
دى آساسى كون سايىن مستحكملىنىشكە يوز
توتتى .

تشكيلاتىمىز قورولوش كونلىرىدە معلوم
سياسى مسئلىلەر اوستىدىن بر مر اشنى
حل قلشدا يېتەرلىك دەرىجىدە كوچ چق-
روش امكانىيىتىگە ايگە امەس ايدى . لېكن تش-
كيلات كوچىنىڭ اوسوشى بوگونكى كوندە
شو نەرسىگە ايلىب كەلدىكى ، مەيلى دو-
لت آپپاراتىدا وە خەلق آراسىدا بولسون
خەلقچىل حركتكە قارشى بر مر منصب پر-
ست يوز بېرىباسە ، ياكى كەمچىلك سېزل-

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سە ، تشكيلات اعضالرى تشكيلات ميدانىدە
دا توروب اونى مطبعەدە ، سوزدە ، مجـ
لسدە وە تيگيشليك اوروندا فاش قلشقاقا.
دير . حقانى حركتدە تشكيلاتمز بارلىق
اعضالرى كوچى بلەن اش كورسوتوب
كەلدى .

تشكيلاتمز اجتماعى اشلار بوزەسيـ
دين بولسا ، فرونتدين قايتقان جنگـوار
لاردين حال سوراش ، خەلق آرىسيـدا
تشويقى اشلارنى ايليب بيرش خصو صا=
سايلامنڭ خلقچل آساسدا جارى قلينشيدا
تشكيلات اعضالرى مستقل رەوشدە عامەـ
نڭ اعتقادىنى اوزىگە جلب قلب ، خلقچل
حركتدە اوز كوچينى عمليتىدە كورسـو-
تلىدى . بو غلبەلىك نتيجەلەر موندين
كيين تشكيلات خدمتىنڭ اوتوقلوق آلغـا
سورولوشيگە ايشەنچ حاصل قلدى .

12 ايلق جريان اچىدە تشكيلاتمزنڭ
كيڭەيشى وە اونوڭ نيشانى بەلگولونوب ،
بايرىغى رەسمى قادىلىشى شرقى توركسـ
تان ياشلارىنڭ تاريخىدا مثلى كورولمىگەن
غلبيدور . موندين كيين تشكيلاتمزنڭ
اعضالرى اوز بايرىغى آستىغا تيخىمو زچ
تەپلونوب ، تشكيلات بايرىغينى ابدى ساقـ
لاشقا وە اونوڭ اوتوقلرىنى كيڭەيتيشگە آ.
ساسى ايمكانيتلر تيارلاندى .

شرقى توركستان انقلابچىـل ياشلار
تشكيلاتى برنچى نوەتلىك ايلى ولايتلىك
كونفرينسيەنڭ اوتولىشى شرقى توركسـ
تان ياشلارى تاريخىدا بيڭى صحيفە آچتى .
ايلى ولايتىڭ كونفرنسيەگە مركزى كوـ
ميتيت وەكيللرى ، ايلى ولايتى طعسىـ
دىكى ناحيە ، رايونلوق كوميتيتلەر هم
حربى كوميتيت وەكيللرى بولـوب 106
نفر وەكيل اشتراك قلدى . كونفرينسيە
برنچى غينوار دين 6 - غينوارغا قدەر او-
تولوب ، 10 قيتم كونفرينسيەنڭ سيسيە-

سى ( اولتوروشى ) بولوب اوتتى . كونـ
فرينسيەدە مركزى كوميتيتىنڭ ايلـى
ولايتى بويىچە خدمتلر ، ناحيەليك ، رايون
لىق وەكيللر طرفيدين وە حربى كوميـ
تيت وەكيللرى طرفيدين بر يللىق خدمت
اوستيدە دوكلاد قلندى . هم مركزى كو
ميتيت رەئيسى : سعدالله سيف اللەيف سيا
سى بيانات بيريب اوتتى . شوندين كيين
هر دەرجيلىك تشكيلاتلارنڭ خدمتسور-
عتينى رواجلاندوروش اوچون تشكيلى تشـ
ويقى ، تعليم تربيە سياسى خدمتلر مدە-
نى آقارتش خدمتلرى ، ماليە اشلـرى ،
تشكيلات انتظامى ، اعضالارنڭ دوات ادا -
رەلرىدىكى خدمت فعاليەتينى آشوروش
خدمتلرى ، تشكيلاتمزنڭ ملى مسئيلە وە
اولوغ حكومتكە نسبتا= قوزغتىـلسى
حقيدىكى برقانچە اشلارمذاكرە قليناب نتيجەـ
لىك قرارلار قبول قلندى . كونفرينسيە
آخىريدا اولكولوك حكومت معاون رەئيسى
احمدجان قاسيموفقا ، ايلى ، آلتاى ، تار-
باغاتاى ولايت خەلقلرىگە جنوبى شـرقى
توركستان خلقيگە ، ملى آزادلق انقلابيـ
مزنڭ جريانىدا قهرمانلق كورسەتكـەن
خلق قهرمانلارىغا وە انقلابدا شهيد بول-
غان جەڭچىلەرگە ، ايلى ولايت والىيسى
حكيم بيك خواجەم ، معاون والى ئەنوەر
افندى ، ابولخيرى تورەلەر باشلق بتون
ادارە جمعيت خادملرىگە ييزيلغان مراجيـ
عت وە تەبرىك ناميلار اوقولوب ، بولـ
لاندى . عموما= بونوبتدىكى كونفرينسيە
برنچى نوبەتليك بولوب ، بعضى كامچيـ
لقلار بولسىمو ، ليكن تشكيلات خدمتينڭ
موندين كيين اوتوغلوق آلغا بوكسولوـ
شيگە قمتليك نتيجەلەر بەردى . كونفرينـ
سيە قرارليرى بويىچە تشكيلاتمزنڭ خدـ
متلرى موندين كيين تيخىمو غلبيلك رەـ
وشدە آلغا سورولگوسى .

# شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتی مرکزی کومیتت طرفیدین چاقرلغان 1 - نوبتلك ایلی ولایتلك کونفیرینسیه‌نك قراری

شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتی مرکزی کومیتیتی 1947 نچی یل 1 - غینواردین 7 - غینوا، غیچە ایلی ولایتی بوینچه بارلق ناحیه لیك وه رایونلوق کومیتیتلر وه‌کیللرینك اشتراکی بلەن برنچی نوبتلیك کونفیرینسیه‌نی اوتکەزدی .

کونفیرینسیه جریانیدا مرکزی کومیتیت ، ناحیه‌لیك کومیتیت هم رایونلوق کومیتیتلرنك وه‌کیللری طرفیدین بریللق خزمتلر اوستیدین داکلاد قلنغاندین کیین مرکزی کومیتیت رەئیسی صیف الله‌یفنك داکلادی تگلینب تورغون مذاکیره‌لردین کیین کونفیرینسیه‌گه قاتناشقان بارلق وه‌کیللرنك فکرلری بوییچه توبنده‌یکی قرارلار قبول قلندی :

1 ) تورالق قوزغالغان 3 ولایت خلق وه‌کیللری بلەن مرکزی خطای حکومتینك وه‌کیللری آرسیدا امضالانغان 11 ماددیلق پوتومگه آساسا شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتی مرکزی کومیتیت طرفیدین ، پوتومنی حمایه قلش وه عملگه آشوروش حقیدیکی مراجیعتنی کونفیرینسیه توغری دەپ تاپیدو .

2 ) کونفیرینسیه 11 ماددیلق پوتوم و اونونگغا آساسا اعلان قلنغان سیاسی پروگرامانی بتون شرقی تورکستان بوییچه خلقچیلق سیاست یورگوزوشدیکی دەسلەپکی قدم دەپ حسابلاپ ، اونی عملگه آشوروشدا هر دائیم تیار ایکنلیکینی بلدوردی . پوتومنك عملگه آشقان حالیدا شرقی تورکستان خلقی اوچون زور منفعت یەتکوزیدیغانلیغینی کوزده توتوپ، کونفیرینسیه پوتومگه خلافلق قلغوچیلارنی عکس انقلابچیلار دەپ حسابلایدو .

3 ) شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتی مستقل بر سیاسی تشکیلات بولوش بلەن حقیقی خلقچیلق اوچون کورش قلیدیغان تشکیلات بولغانلقتا ، کونفیرینسیه یەرلك حکومت اورگانلری بلەن فقط حقیقی خلق منفعتینی حمایه قلشدا بولوبمو 11 ماددیلق پوتوم و سیاسی پروگرامانی عملگه آشوروشدا تشکیلاتیمزنك ــ دوستانه مناسبت و برلیشیب اشلەشینی ضرور دەپ تاپیدو .

پوتوم امضالانغاندین بویان وطنیمز بوییچه خلقچیلق حرکتینك کینگییشینی وه بر قانچه اورونلاردا غلبه قازینیشنی کونفیرینسیه آیرمچه خاطرلەپ اوتدی . اما وطنیمزنك جنوبیده رەسمی حکومت ئەربابلرینك وه حربی معمورلرنك پوتومنی رەت قلیشی ــ سایلامغا توسقونلوق قلش و شونگغا اوخشاش عکس الحرکتلرنینك دوام قلشینی ، بونگغا بو کونگیچه اولکولوك حکومت طرفیدین قطعی چەك قویولمیغانلغینی کونفیرینسیه تعجبلینیب تاکیدلیدی و بو توغرولق غولجا تشکیلات اعضالرینك 1946 — یل 5 - دیکابردیکی قرارینی اورونلوق دەپ تصدیقلەپ اوتدی .

4 ) كونفېرېنسيه قاتناشقان 7 ولايىتىمىزدىكى بىرلىق باش دوستلىرىمىزنىڭ 11 ماددىلىق پروگرام و سىياسى پروگراممانى عمەلگە آشوروشىدا ايلىپ بارغان قهرمانە كورەشىگە خىر — خواھلىق بىلدوروپ اوتدى .

5 ) شرقى توركستان انقلابچىل ياشلار تشكىلاتى انقلابى رايونلاردا اوچوق حالدا تشكىل بولوپ ايش ايلىپ بېرىش وە كېڭەيتىش قېرىلىق دەپ حسابلايدو .

6 ) سابق استبداد حكومتىنىڭ قارا سىياسىتى آستىدا خلقىمىز نادان و قالاق تورموشىدا ياشاپ كەلگەنلىگى اوچون ، تشكىلاتىمىزنىڭ اوز آلدىغا قويغان وظيفەلىرىنى اورونداشىدا بىرلىق اداره باشلىقلىرىنى ، خدمتچىلىرىنى و تورلوك كسپدىكى وطن پرور ضيالىلىرىمىزنىڭ و وطن پرورلىرىمىزنىڭ تشكىلاتىمىزغا بىيغىندىن ياردەمدە بولوشىنى مهم دەپ بەلگولەيدى .

2 — مركزى كومىتېت

حقىدە :

— شرقى توركستان انقلابچىل ياشلار تشكىلاتى 45 — يىلى نويابردە غولجا شهر ياشلارىنىڭ تشبثى بىلەن قايتىدىن قورولوپ بىر يىل دوامىدا غولجا ، چوچەك آلتاى ولايىتلىرى بويىچە تشكىلاتنى مستحكملەپ ايش ايلىپ بېرىش بىلەن ايلى ولايىتلىك كومىتېتىنىڭ خدمتىنىمو بىرگە ايلىپ كەلدى . ايلى ولايىتلىك كونفېرېنسيەسى كومىتېت حقىدە قرار قىلىدو :

1 ) شرقى توركستان انقلابچىل ياشلار تشكىلاتى مركزى كومىتېتى ايلى ولايىتلىك كومىتېتنىڭ خدمتىنى بىرگە ايلىپ بېرىش توغرى دەپ تاپىلسون و حاضرغا شو ترتىب ساقلانسون .

2 ) مركزى كومىتېتنىڭ ايلى ولايىتى اوتېدە قىلغان خدمتى قانائتلىنەرلىك دەپ تاپىلدى .

3 ) كونفېرېنسيه مركزى كومىتېتنىڭ سىياسى وضعيتكە قاراپ توتقان تاكتىكاسىنى و چىقارغان مراجعتلىرىنى هم چارىلىرىنى موافق دەپ تاپدى .

4 ) مركزى كومىتېتى طرفىدىن توزولوپ غولجا شهر اعضالىرى تصدىقلىدىن اوتكەن تشكىلاتىمىزنىڭ نظام نامەسىنى ، كونفېرېنسيه « شرقى توركستان انقلابچىل ياشلار تشكىلاتىنىڭ وقتلىق نظام نامەسى » دەپ اعلان قىلىشنى معقوللايدو .

3 — تشكىلى ايشلار حقىدە :

هر درجەلىك تشكىلاتلارنىڭ داكلادى و كېيىپ بارغان خدمتلىرى تشكىلى طرفىدىن بىر قانچە كەمچىلىكلار بارلىقىنى كورسەتتى . تشكىلاتىمىز اوچوق حالدا حقىقى خلقچىلىق مىدانىدا ايشلەيدىغانلىقى اوچون ، اوز دائىرەسىنى كېڭەيتىپ تشكىلىنى مستحكملەشكە امكانىيتلەر بارلىقىنى نظرگە ايلىپ تشكىلىمىزنى تېخىمو مستحكملەپ ايش اونومىنى آرتتوروش اوچون كونفېرېنسيه قرار قىلىدو :

1 ) هر درجەلىك پلېنوم اعضالىرىنىڭ مجلىسى يىلىغا قويولسون .

2 ) هر درجەلىك تشكىلاتلارنىڭ شتاتى كەڭەيتىلسون .

3 ) ولايىتىمىز بويىچە تشكىلات دائىرەسىنى كېڭەيتىشكە پلانلار كورولسون .

4 ) حربى كومىتېت ، سمول ، منقول كوره ، جك ناحىيەلىك كومىتېتلارنىڭ تشكىلى يىلغىشى بولمىغانلىقىدىن مركزى كومىتېت ايوم چارىلار كورسون . آرشاڭ ناحىيەلىك كومىتېتنىڭ يېڭى رهبرگە آيرىمچە كورسەتمىلار بېرىلسون .

5 ) ناحيەلك ، رايونلوق كوميتيتلار-
نڭ سايلىمى اونكوزولسون . بو توغرولوق
آيرم يول يوروق كورسەتورش مركەزى
كوميتيتقا تاپشورولسون .

6 ) تشكيلاتيمز مركزلەشكەن خلقچيلق
اساسيدا ايكەنلىگىنى قاتتق ئەسلەتو-
توب ، ناحيەلىك ، رايونلوق كوميتيتلار
مركزى كوميتيتكە و اعضالارغا خذمت و
كامچيلقلار اوستيدە سيستيمالق دوكلاد
بيرش ايشى يولغا قويولسون .

4 — انتظام حقيدە :

تشكيلاتيمز انقلابى روحديكى تشكي-
لات بولوب وطنمزدە حقيقى خلقچيلقنڭ
عملگە آشورليشينى نيشانە قلغانلقدين ،
ايكنجى — وطنمزديكى حاضرقى وضعيت
تشكيلاتنڭ آكتيۋليغىنى كوچەيتشنى قطعى
طلب قلب تورغانليغىنى ، 3 — هر دري-
جيلك تشكيلات داكلادلريدا اعضالارنڭ نها-
يت آز قسمى تشكيلات خذمتيگە جلب قلن-
غانليغىنى و انتظامنڭ عاجزليغىنى ، 4 —
خصوصا تاپشورولغان وظيفەلەرنڭ توروش
دريجيلك تشكيلاتنڭ وقتيدا و مسئوليت
بلەن بجرمىگەنلىگى ، 5 — بر قانچە اع-
ضالرنڭ هر بر جايدا حققانيت اوچون
كورەشمەسلىگى و بى پرواليغى ، مثلا بو
اشلارنڭ تشكيلاتيمزنڭ رحبرغا و اوستا-
ۋيغا خلاف بولوب ، بو حالدا دوام قلغاندا
تشكيلاتمز خلقنڭ اميدينى و اشەنچينى
بكارغا كەتكوزيشينى و خلقچيلق منفعتنى
عاجزليتيشينى اعتبارغا ايلب كونفيرينسيە
قرار قلبدو :

1 ) هر دريجيلك تشكيلاتلار و اعضا-
لار اوز ئالدلرغا كورسەتولگەن وظيفە ، ترتيب
انتظامغا قاتتيق رعايە قلسون و عملگە
آشورسون .

2 ) هر دريجيلك تشكيلاتلار بارلق
اعضالارنى تشكيلات خذمتيگە قاتناشتوروش
امكانيتينى همە چارەلرنى كورسون .

3 ) هر دريجيلك تشكيلاتلار اوزلريگە
بى واسطە بويون سونغان تشكيلاتلار
اوستيدين تكشوروش و نتيجە چقريب اعلان
قلب توروش اشلرى كوچلوك يورگو-
زولسون

4) جمعيت احوالى ، تشكيلات خذمتى
و اعضالارنڭ عمومى هم خصوصى كامچي-
لقلارى اوستيدە مذاكيرە هم تنقيد — تن-
قيد اشى كوچلوك يورگوزولوب ، اوز
وقتيدا ( اوستاف و مركزى كوميتيت
كورسەتمىسى بويىچە ) تيگشلك چاريلار
كورولوب تورولسون .

5 — اعضا تعلم تربيەسى
حقيدە :

تشكيلاتمزنڭ بارلق خذمتلرينڭ او-
توقلوق بولىشى ، اعضالار تعلم تربيەسى
توقلوق يولغا قويولوشيغا مناسبتلك بولوشى
بلەن بيرگە اوز - اوزيمزنى ادارە قلش
حقوقينى قوليمزدا ساقلاب قلش اوچون
جمعيت خذمتلرينى اوتوغلوق قلشدا تع-
لم - تربيەنڭ لازملغينى ، خلقيمزنڭ اكي-
نى كوتوروش اوچون خلق اچيدە تش-
ويق — تەرغيب اشلرينى ايلب بيرشقا
اعضالار تعلم — تربيەسينڭ مهملىگينى
عموم = شرقى توركستان خلقينڭ بارلق
حيتينى قوروش اوچون اعضالريمزنڭ
كوچلوك و عملى اساسدا اش ايلب بيرش
اوچون اعضالار تعلم — تربيەسينڭ مهمە-
لىگىنى كوزدە توتوب كونفيرينسيە قرار
قلبدو :

1 ) مركزى كوميتيت اورگانى
بولغان « كورەش » ژورنالى هر آى سابن

چقب توربشى تاەمىن قلدىشى بلەن ھر
تورلوك سياسى فنى كتابچىلار بېسىلىشى
تاەمىن قلنسون .

2 ) اعضالار تعلم — تربيەسى تش-
كيلات نظام نامىسىنىڭ 2 — ماددىسىغا آسا-
سا، حقيقى خلقچىلىق آساسىدا شرقى
توركستان خلقىنىڭ پارلاق استقبالى اوچون
كورىشىدىغان خلق خدمتىگە آڭلىق و آك-
تيف قاتنىشىدىغان ساغلام بدن قاينماس
ايراديلىك ياشلارنى تربيەلەشكە قارىتل-
سون . بوننىڭ اوچون ولايتىمزدە پيغىلىش تەر-
كيبلىگى تولوق تاەمىن قلنيواتقان بو مذ-
گليدە بارلق اعضالار اوگونوش اشىنىڭ
آساسى بولغان كورژوك مجلسلرىگە وعل-
مى ليكسيە مجلسلرىگە تولوق قاتناش-
سون .

3 ) ھر دريجىلىك تشكيلاتلار اعضا-
لرىنىڭ خصوصى اوگونوش اشىگە فوق العادە
دقت قليب رهبرلىكنى و تكشيرەشنى اي-
لىپ بارسون .

4 ) عاممە اچىدە تشويق — تر-
غيب اشلارنى ايلىپ بيرش اوچون تشكيلات
اعضالرىدين پاىدىلنىپ ، اوسنا تشويقات-
چىلار يەتكوزوپ سانىنى كوپەيتشكە
حركت قلنسون .

5 ) اعضالارنى ساغلام بدن قىلش
مقصيدى بلەن تورلوك جسمانى تربيە
يور گوزولسون .

6 ) اعضالارنىڭ اوز — اوزلىرىدين بل-
مىنى آرتدوروشقا امكانيت توغدوروپ بي-
رش اوچون ھر دريجىلىك تشكيلاتلار چارىلار
كوروپ قرائت خانە و گيزيت نشر
قليشنى تشكيل قلسون .

7 ) تشكيلات اشىنى ايلىپ بيرش
تجربيەسىنى اشوروش و كيرەككە بلم
آرتدوروش اوچون 1947 - يلى قسقا مدتلىك
2 صنف كورس تشكيل قلنسون .

8 ) 47 — يلى ولايتىمزدىكى اعضالارنىڭ
اچىدە ساۋادسزلق توگوتولسون .

6 — تشويقى تشلار

حقيدە :

تشكيلات اعضالرىنىڭ خلق اچىدە ايلىپ
باريدىغان خدمتلرىنىڭ برسى تشويق —
ترغيب مسئليسى استبداد حاكميتنىڭ قارا
سيەستى آستىدا خلقىمز نادان و قالاق تور-
موشدا كەلدى . بو احوال تشويق اشى-
نى بنيمو كوچلوك طلب قليدو . آمما بر
يللىق جرياندا جمعيت طليىگە نسبتا
تشويق — تەرغيب مسئليسى اوستىدە
خيلى كامچيلقلار اوتدى . كونفيرىنسيە
تشويق — ترغيب مسئليسىنى ياخشىلاش
اوچون قرار قليدو :

ا : وطنىمزدىكى بوگونكى خلقچيلق
حركتنى كيڭەيتش و مستحكملەش اوچون
بو حركتنىڭ مقصيدى غاليبيت قازىنش
شرطلرى اوستىدە خلق اچىدە دائيم
كوچلوك تەشويق يور گوزولسون . بولوپ-
مو مدنى معارف ، ساغلقنى ساقلاش ، ملت-
لر آرا دوستلوقنى مستحكملەش يوزەسىدە
تشويق . ترغيب قاش ھر - بر اعضانىڭ
كوندولوك وظيفەسى بولوپ ھيسابلانسون .

2 : فورالمق توروش ايليپ بارغان

3 ويلايت خلقى بلەن خطاى حكومتى آرى-
سيدا توزەلگەن پوتونىنىڭ كيليپ چقيشى
و اونىڭ اھميتىنى چوشەندوروپ ، اونىڭ
وطنىمز بويچە عملگە ايشيشىنى تەمىن قلشقا
كورەش قلنسون .

ب : ھر دەرىجىلىك تشكيلاتلاردا تور-
لوك كرام اوروتلر . حاضرلانسون .

س : ناحیەلیك ، رایونلوق كومیتیت-
لەر اوز – اوزینی قانداش بلەن امكانیە-
تیكە قاراپ مركزی كومیتیتكە اقتصادی
یاردەمدە بولسون .

ش . ت . انقلابچول یاشلار تشكیلاتی
مركزی كومیتیتی برنچی نوبتلك ایلی
ولایتلك كونفرنسیەسی . 1947 - یل 7 غنوار

# کوچاردە قائلق وقعە

( بو وقعە اینایتلك كشیلریمزنك ادارەمزگە بەرگەن خبریدین قسقارتیلیب یزلدی )

كوچار ناحیەسیدە اولتوروشلوق دا-
ووت مەمەت حاجم خواجە یلیسی واڭلاراو-
لادی ایدی . اونگغا واڭلق عنوانی اوچ-
شك وطینیمز شرقی تورکستانغا كەلگەند-
دین كیینلا تەككەن شونك اوچونمو او ،
اوزیگە واڭلق عنوانینی بەرگەنلر قائیدی-
سی اوچون قولیدین كەلگەن یارلق ایشلار-
نی قاپ كەلگەن ایدی .

داووت واڭ ملی آزادلق انقلابیمزنك
كوچلرك خلقچیل كوچی آرقیسیدا اوزول-
گەن توختامدین كیین ، اوزینی وطنمز
بوبچە خانچاق سیاسیتنك تولوق یورگو-
زولیشی اوچون یەل یغلیغان مردلرنك بری
حسابلیغان ایدی . اما حضرتی عملی اڭ-
یالار ینە اونك بورونقی خائینانە جریكەن-
لرینك اوچ ایلیشینی كورسەتمەكدە .

داووت واڭ اولكولوك حكومت قورول-
غاندین كیین یعنی 1946 – یل اوكتەبر
آییدا اوروەچیگە یریب قایتیب كیلیدو .
15 كوناردین كیین موەك خانەسیگە نا-
حیەنك حاكم (شەنگوەن) نی ، جكساجوی
جوجەنی كوچار ناحیەسیدە تورووقلوق خم-
طای چیر كلرینك بلشلیغی ترەن جاڭی ،
ادارەلر معارف بلشلقارینی یەرلك آخونوم-
لارنی و اولارغا قوشوب اهالی سودیگرلر-
نی ، یورت معتبر ، بیزا بشلقارینی-
چایغا تكلیپ قلیدو . چایغا كەلگەن مومان-
لاردین قیدیلیپ تورو ب .

– بز آنا – بالالریمزدین تارتیب
كوچاردا اولتوروشلق 150 مڭ خلق اوس-
تیدین واڭلق وظیفەسینی اوتەب كەلمەك
دیمز . بونامیمز یالغوز كوچاردا یاكی
اورومچیدیلا امەس ، بلكی جوڭگودا ازوڭ
توگدین تارتیب جاك وبیدەن جانغیچە مە-
لوم و مشهور بولوامو حضر جاك وبەنجاك
اویدان بیلیدو . . . حاضر یاشلریمز حكو-
مت قانونیدین چقدی . حكومتكە تصدیق-
لاتلسدین یاشلار تشكیلاتینی قوردی .
بونگغا 15 كشیدین عبارەت هیئت اعضاسی
سایلانغان ایدی بو هیئت اعضالرینك اچیگە
مەن یلمەی كریب قالغان ایكەنمەن . مەن
حاضر توبە اوقوب اوزەمنی بو خطالق یول-
دین چەتكە تارتدم ، بزادی یاشلارنك
اوزمەیلیگە قویوب بەرسەك بزگە اش تید-
یب بیریدو ، شونك اوچون مەن وگوڭ-
دین بلشلاب یاشلار تشكیلاتینی تارقتش
اوچون یەل باغلاب میدانغا چقدم . اگەر
اوندای قلیسق ، اولار اش تاپسا ، اڭ
اوال مینی اندین یورت چوڭلری – سز-
لرنی حكومت توتوب جوابقا تارتیدو . شو-
نك اوچون سز آخونوم یورت چوڭلری
بو « بالا » نی تارقیتیب ایتشكە چولك كوچ
چقریب ، چوشەنمیگەن خلققە تشویق قیلك-
لار . . . مەن سزلرنك آلدیڭزلاردا
بورون كریب قالغانلیغم اوچون توبە قلدم ،
بلشقیلار مەندین اولگە آلسون . توبە قل-
سون ، بونی اویدان جیكڭلار و جیكیشیڭز
لار لازم . . . – دەب سوزینی توختوتیدو .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بو سوزلەر دەستورخاندا اولتارغان-
لارنڭ بعضيلاريگە نهايت خوش يېقيب ،
داووت واڭنڭ سوزيني قووەتلەيدو . آمما
بو سوزلەر كوپچولوككە خەنجەردەك ساز-
چيلغانلقدين عبداللاملا ، اسمائيل شاڭجاڭ
وە باشقە دوب بيگلار ناراضيلق بلدوروب:

— باشلار تشكيلاتي قورولوب ، بزگە
فايدەسى تەگسە — تەگدىكين ؛ هيچ زي-
يني تەككيني يوق . ايشيمزكي اوبزگە
« بلا » ئەمەس ، بزگە بخت يەتكوزوب
بيريدو . . . زني قچقيريب آلديمزغا
برتاواق پولوني قويوب ، شو سوزلەرني
ئاماقچي ئيكەنسەندە ، اونداق سوزلەرني
قايديغان كشي بولساڭ ، ميدانغا چقساڭ
بولمامدو ديېشيدو وە غضبلينيدو . آندين
شەنجاڭ ديك سوزلەب حقوقيني كورسو-
تودو . داووت واڭنڭ سوزيني معقـول
كوروندو . ايلك آريدا جياڭ ساجوي جو-
جيڭي جاڭ :

— بو تاۋايدو چوشەنگەن كشي ايكەن-
ديدى واڭني كورسوتوب . بشقيلار بو-
نوڭدين اوڭگە آلسون . اوگونلككە خەلق-
نڭ فكريني ئيلاش اوچون « هوروون باغ »
دا مجلس آچەقچيمز . بونوڭغا بتون خە-
لق قاتنيشيدو . سزلر خبردار بولوب شو-
نوڭغا قاتنيشڭلار — دەب سوزيني آياق-
لاشتورودو . ميهمانلار قايتيشيدو .

⁂

تاڭ آتتي ( بوگون نويابرنڭ . . . —
كوني بولوشي كيرەك ) هوا توتوق . !
كونني توراب آلغان بولوتلار نهايت دە-
شتليك كورونەتتي . . . .

بوگون « هوروون باغ » دا مجلس
ئيچيلدو . همە كشي مجلسدين خوشاللق
كوتمەكدە . نيمشكيدو كوچاردا مانەم يو
رنغي يورايدو . . . . . .

ساعت 11 بولدي . « هوروون باغ »
شهر خلقي ، پيزيلارنڭ چوگلري بلەن
لق تولدي . بو وقتقيچە ديك شەنجاڭ ،
جاڭ جو جاڭ ، ليونوەنجاڭ وە داووت واڭ-
لار باشلق اداره باشلقاريمو ييتب كەل-
دي . اولار وە يورت چوگلري صحنيگە
چقتي . كوچاردا توريدىغان عسكرلر مي-
دان چوريسيدە قوراللوريني يالڭاچلاب ،
پوليمونلارني جوندەب ، ياشچكلاردين اوق-
لارني چقريب حاضرلقغا كرشدي . كو-
چيلارغا وە شهرگە قورولغان هر — بر
يوتەبلەرگە حتى شهرنڭ اوپ — چوري-
سيگە عسكرلر قويولدي .

باغقا ييغلغان 10 مڭغا يېقن خەلق :
« بزدين فكر آليديكەن ، بز اوز فكري-
مزني توغرا بيريشيمز كيـرەك » دەب
سوزليشەتتي . ياشلار تشكيلاتينڭ بو-
گونكي گيزيتيمو خەلق آريسيغا تارقل-
دي . خەلق بوني قارشي ايلاب خـوشال
اوقوش بلەن مشغول بولوشتي

مجلس ايچيلدي . ايلك آوال داووت
واڭ سوزگە چيقب اوز سوزيني ياشلار
تشكيلاتيني تارقيتش حقيدە باشليغان اي-
دي ، خەلق طرفيدين :

— وطن خائيننڭ سوزيني آڭليماي-
مز !

— بونداق نصيحت بزگە كيرەك ئە-
مەس !

— سوزوڭني توختات !

— چوش صحنيدين [illegible]

ديگەن چوقانلار ميدانني ياڭرادي .
بو سوزني قووەتليگەن آلقش هـورلا

ئەمە روھىنى كونەردى .

داووت واڭ خەلقنڭ ياغدوريبو ئتقان لعنتىگە چىدىماي ھوكورەب يغلىبوەتتىسى وە سوزىنى توختوتوشقا مجبور بولوب ، صحنيدين چوشتى .

بو وقتدا ميداننى قورشاپ آلغان چيرىكلەر قورالرىنى خەلققە قارىتب فقط بوبوروقلا كوتيب توراتتى . لەيكين خەلق بو ھەيوەدين قورقمىدى .

آندين شەنجاڭ ، جوجاڭلار سوزگە چيقيب خلقدين فكر ايلش نەدين ، داووت واڭنىڭ « آرتيست » ليگينى قووەتلەپ اوزوندين — اوزون سوزليدى .

ساعت 4 مڭگيلى بولغاندا تونجاڭنڭ سوزگە چقيب شەنجاڭ ، بوجاڭلارنڭ سوزينى ، باشدين — آياق تكرارلاشقا كرشكەن ايدى ، خەلق طرفيدين :

— بو سوزلەرنى آڭلاب بولدوق .

بو سوزلەرنى آڭلاپ بولدوق ،

— فكر آلسون ، توڭوب كەتدوق ،

بولميسا قايتيمز ديگەن آوازلار چقيب ميداننى كوتوريوەتدى . شو آردا « فاڭ » ديگەن بويروق بيرلدى . ملتچلار ، پوليسونلار توشەو — توشدين حركتكە كەلدى . خلقلرده يغا ، ھەممىسى يەر بيغرليدى . شەنجاڭ ، توونجاڭلار بواسا تاماشە كوروشدى . صحيدە اولتورغان يورت چوڭلارى وە آخونوملار اوستەل آستيلريغا اومولاب كرىشتى . پوليسونلار بر دىسكا اوق چيقارغاندين كيين بر پەس توختيدى .

خەلق آريسدين « اولسەك شھيد ، قالساق غازى » ، « جاللادلارغا ھجوم » ، « آتقا ماڭ » دىب كوتورولگەن آوازلار بلەن كوپچولوككە غيرت كويب باش كوتەرگەن ايدى ، يەنە بردين پوليسونلاردين اوت ايچيلب كەتتى . اوزوندين كيين توختيدى . خەلق اوز اوبلرىگە قيچشقا باشليدى . اطرافدا خوتون وە بالىلارنڭ يغلارى آڭليناتتى ، ميداندا قانغا ميلەنگەن كشيلەرنڭ ايگراشلاريمو آڭليناتتى .

ميدانديكى اوقنڭ آوازى اشتيلش بلەن تەڭ بتون شەھر ديكى عسكرلرمو اوق آتتى . بردەم ايچيدە كوچار شەھريدە حربى حالەت پەيدا بولدى . بو حربى حالەت قوسى — يعنى خەلقنڭ قورقوب تالاغا چقالماسليغى 8 كون دوام قلدى .

بو آتودا 9 كشى اولوب 7 — 8 كشى ياريدار بولدى . شھيد بولغانلار كەبغل ھنر مند — كاسب وە ييزىلقلار بولوب ھيچ قانداق گناھى يوق كشيلر ايدى .

مذكور 9 كشنڭ جسدينى ئەرتيسى شەنجاڭ باشلق يورت چوڭلارى ميداندا تەكشوروب كوروب ، شەنجاڭ اولگەنلەرنڭ عائيلىلرىگە 100 ميڭ دوللاردين پول بەرمەكچى بولدى .

لەيكين شھيدلەرنڭ عائيلىسى « بزگە 100 ميڭ دوللارىڭ كەرەك ئەمەس ، يورت — جماعت مبورى — شفقت قلسا ، شو يتيدو » ديشتى . شھيدلەرنڭ عائيليسيدين برى غضبلينب :

— بزگە بيريدىغان 100 ميڭ دوللارغا جنابى شەنجاڭ ، تەنيىگرگە خەي پايپاق ايلب بيريڭ — ديدى .

شەھەرلەرنىڭ جىسدارىنى يورت خەل ـ
قى مانەمدار بولوب ، كوموشتى . شـو
كونى كەچ يلشلار تشكىلات ( بو تشكىد ـ
لات خەلق يىغىنى نامى بلەن بولغان )
رەئىسى حامىد عزيزنى وە خلقچل ياشلار ـ
دىن شەھەر ساقچى ئىدارەسىنىڭ معاويـن
باشلىغى تاش محمد ، عزيز يوسف ، عبـ
دالعزيز هاموت ، عبدالقادير ، غفور ،
اسمائيل شاگجلك ، محمد ايمين وە باشقا
ياشلار بولوب 17 كشىنى قاماققا آلدى ،
شەھەر ، توقسون ناحيەلىرىدىن يەنە برقانـ
چە ياشلارنىمو قاماب قويدى . خەلق بو ـ
لارنى سوراب بارغاندا ، رىئاكسيئونلار ـ
دىن « سايلام اوتكەندىن كيىن چقريوبتيـ
مز » ديگەن جوابنى آلدى .

آنودىن كيىن ناحيەلىك حكومت اسـ
تبدادى حكومتى ، چيرىكلر زورلوقنـى
يغيمو كوچەيتىۋەتتى . مثلا : چيرىكـ
لر بازاردىن بر نەرسە آلماقى بولسا ،
اوزى خاھليغينىغا ايلش ، اگر قارشـى
سوز بولسا اوروش حقارەتلەش اوخشاش
اشلارنى قليدو ،

كوچار ناحيەسيدە دېوقانچيلق محصو ـ
لاتى اوز ناحيەسىگە يتەرلك ايدى . كيـ
ين بو آشلقلار چت يەرلەرگە ( اوروم ـ
چى ، قارا شەھەرلەرگە ) ماشىنوزولغاندا ،
خەلق كوچى بلەن بو آشلق ماشىنوزوش
ايشى بر قەدەر توختيغان ايدى . آنودىن
كيين ميكيش بوللار كەلك ايچيلـدى .
شونىڭ نەتيجيسيدە بر چارەك اون ( 24
قداق حسابيدا ) 2200 دوللارغا چىققان .
بازاردا آشلق كام ، بازارغا چىققان بر ـ
ايكى تاغار آشلقنى خەلقلەر 5 ، 10 جىگـ
لاب بولوشوب آليديغان بولغان .

آنودىن كيين داووت واڭ 3 ـ 4
قورالق چيرىككە ايگە بولوب ، شو چيـ
رىكلەرنىڭ حيمايىسيدە سالانماندا وە بو ـ
رونقيغا نسبتا داووت واڭنىڭ حرمتـى
خطاى متعصب كوچلرىنىڭ آلديدا كو ـ
تورولمەكدە .

آنودىن كيين خەلقنىڭ ئيزيليشى بو ـ
رونقيغا قاريغاندا كوچەيدى . آمما ياشـلار
تشكيلاتينىڭ ايشى توختاب قالغينى يوق .
بورونقيغا نسبتا قانتىراق داوام قىلـ
رەتدە اوز اشينى بجرمەكچى .

يوقوردىكى قانلق واقعەنى وە قانون ـ
سز سولاشنى زورلوق ـ زوملوق اشلار ـ
نى خلقلر اولكولوك وە ويلايتلىك حكومتـ
لرگە معلوم قلغان بولسيمو ، 10 ـ ديكا ـ
برگە قدر جوابى بولميغان .

قيرينداشلار !

حاضر كوچار ناحيەسيدىكى استبداد
قالدوقلرى بو قانلق واقعەنى توغـدوردى .
خەلقنى بى گناھ قاماققا آلدى . زورلوق ،
زوملوق اشلەتتى . آمما قطعى اشينمز ـ
كى اوا استبداد قالدوقلرى خلقچل عدالت
سودى آلديدا قانلق جوابقا تارتيليدو .

« ١ . ٦ »

( انقلابى شرقى توركستان گيزيـ
تيدين )

# 1946 - 5 - دیکابردە بتون شرقی توركستان انقلابچل یاشلار تشکیلاتینك غولجا شهرلك كامیتت اعضالرینك یغنیدا قبول قلغان قارار

ملی آزادلق اوچون قورالق قوزغو-
الك كوتەرگەن اوچ ولایت خلق و كیللور
بلەن مركزی خطای حکومیتی اوتتورسیدا
امضالانغان بتەمنك اعلان قانغاندیغا 5 آی
تولوش مناسبتی بلەن بتەمنك عمەلگە آشقاز-
لیغینی مزاکرە قلیب اوتوش اوچون یغل-
غان بز تشکیلات اعضالری، وطنمز بویچە
چە بتمگە خلاف بولغان تووەندیکی اشلر-
نك داوم قلیواتقانلیغینی اعلان قاشقا كیر-
اشدوق .

١ ــ حکومت سیاسیتینی خقجللەشتورو-
شنك ١ ــ آساساق قدمی بولغان
دولەت ادارەلرینی یەرلك خلق اوزی حر-
مت قلدیغان، ایشنیدیغان اشچان ضیالی-
لاردین تشکیل قلیب خلقچللەشتوروش اشی
تکچورەسەلك درجەدە آرتقا سوزولماقدا .

وطن پرورلرنك سایلمشیغا، خطای
یەرلك مامورلر و عسکری قسملر توسقونلوق
قلماقدا . اوتەوشدیکی قنخور استبداد
حاكمیتكە صداقتلك كورسوتوب خلقنی زار
یغلیتیب جاسوسلق قلیب نفرتلەندورگان
پاركینا عنصرلار یەرلك مامورلار طرفیدین
حمایە قلنماقدا و ینە تكلەندیكەن سایلانغان
باشلقلارنی عسکری قسملر قولدا جابدوق
بارلیغیدین فائدەلنیب خلق منفعتیگە خلاف
بولغان بویروقلرینی بورگوزوش قورالی
قلیب اشلەتمەكدە . بعضی بر جایلاردا خلق
تبایگی بلەن سایلانغان كشلار ایلانیب
تشلانماقدا . اوتەوشدیكی استبداد حاكمیت
طرفدار مامور و حربی قسملرنك فقط
عكس انقلابچی عكس الحركتچی ظالملارنی
مدفعنی اوچون یورگوزگەن قارشیق
سیاستی آرقاسیدا 3 آیدا توگوتوشكە
تیگشلك بولغان سایلام موشو كونگیچە
تماملانمیدی . حزبی اعضالری دولت و
شرقی توركستان خلقینك بخرنی اوچون
اشلەشكە قسم بەرگەن حكومت جوابلاشقان
اورومچی شهرینی آلسانمو بو اش توبانی
درس بارمادا . باشقا اورونلارغا نمونە
بولدیغان مركزی ادارەلردە مسئول
خدمتدە اولتورغان یەرلك ضیالار سانی
10 فائیضغیمو یەتمەیدو .

قسقسی یانچلب طاقتی آخرقی چەككە
یەتكەن خلق طلبینی حل قلشنك الك آساس-
لق چارەسی سابق ظالم حاكمیتنك خلقنی
ئیزیش، اولتوروش، قورقوتوش یولی بلەن
بویسوندوروش قورالی بولوب كەلگەن
ادارەلرنی اوزگەرتیب، ئەز گوچیلەرگە
مالایلق قلغان خدمتچلرنی قوغلاب ایتیب،
اورنیغا خلققە سادیق خدمت قلدیغان زات-
لاردین یگیلدین قوروش اشی، دولت آپپاراتینی
خلقچللەشتوروش حركتی عذابلیدارلق درجەدە
سوست كیتیب بارماقدا. بو اشنك اوزاققا
سوزلوشی آرقاسیدا خلقنی الك كوب زارلاتقان
حاكم ادارەسی، ساقچی ادارە، عدلیە ادارەلار.
انقلاب و پتمدین اوال نیمە قلغان بولسا
حاضرمو كوپ اورونلاردا شونی قلماقدا
عدالتسزلك پاراخورلق اوق-

رياق قنوسز قەش و ھەتتالر موشو كونگيچە داۋام قلماقدا .

بتم فقط اوچ ولايەتولاق بورگوزولمەكدە . باشقا يەرلردە بونڭ ئەمگەئاشماسلىغى ينە قوشومچە دېنى سقشلارنڭ رواجلىنشيغا ، علاقە اشلرينڭ ايكى ئالدا بورگوزولمەسلىكيگە سبب بولماقدا .

2 ـ جنوبدين كەلگەن وكيللارنڭ خصوصى سوداگەرلەرنڭ و اورومچى گزيتەدە بيسلغان خبرلارنڭ خلاصەسيگە قاريغاندا جنوبدا خلق و چېگارا تنچليغينى ساقلاش احتياجيدين نچە اون حصە اوشوق عسكر قورغوزولماقدا . اولار آشنايى دل سيپل سوقوش ، پوتاى قوروش ، آكوبكا قزيش اوخشش حربى تيارگرلكلرنى بورگوزوب اياى ، آلتاى تارباغتاى ولايتلرينڭ حربى اقتصادى احواليدين اخبارات توپلاشىشىنى داۋام قلماقدا . خودى يقين كونده سوقوش قلشقا تيارلانغاندەك حركت بورگوزمەكدە . يولدوز ، موزداۋان اوخشاش اورونلاردا جايلاشقانلار ھچ بر مسئوليتسزلك بلەن خلق انقلاب قهرمانلرينى و قدردان رهبرلرنى «زيوازا» دەب حقارەتلەب نويبر آيدا غولجيدا بوليمز ديگەن جوابكارسز سوزلرينى تارقيتيب خلقنى تشويشكە سيلب تنچلق بوزماقدا . جنوبدا خلققە تورلوك بهتانلارنى چاپلاب اغواتوغدوروب «خلق قورغولاك قلماقچى» ديگەن بهانە بلەن خلقنى عيبلەب خلقنى قرشقا ئيمكانيەت ئزليمەكدە .

قسقسى ، خطاى حربى قسملرى و اولاردا ئەگەشكەن عكس الحركتچيلر بوگونكى كونده شرقى تركستاندا تنچلق اورنوتوشقا الڭ زور توسالغو بوليواتماقدا . و ملى ارميه آرقا صفيگە جاسوسلار ئيوەتيب ملى ارميه قسملارنڭ باشلقلرينى زيوازا دەب حقارەتلەش بلەن بتم نڭ 10 ـ مادەسيديكى : «مركزنڭ عسكرلرى و ملى حربى قسملر اوز آرا دوستلق مناسبتلرينى ساقلاشلرى لازم . ھەمدە اوز آرا بر بريگە قارشى ھچ قانداق دوشمەنلك حركتلار قالماسلقلرى شرط» ديگەن توختامنى رەت قلماقدا .

توختام بويچە آقسو و كاشغردە ملى حربى قسملر تشكيل قلنميغانلغى بو عسكرى قسملارغا خلق اوستيدين ھچ بر چەكلەنميگەن حكم بورگوزوشكە يەنيمو يگملك توغدورماقدا .

قسقيسى كوبليگەن و ھقوقى چەكلەنميگەن خطاى چريكلارينڭ شرقى تركستاندا تورۇشى تنچسزلقنڭ قوزغولوشيغا سبب بولماقدا .

3 ـ قورالاق قوزغلاڭ كوتەرگەن خلق وكيللارينڭ بتمدن كيين قلغان مراجعتيدە «قارا سياست بورگوزوش قورالى بلغان سياسى سانچلار بوقوتولغوسى» ديگەن ايدى . چوچەكدە سيرى فاش بولغان اكرام ملا ، احمد على رحمت الله و تركستانلارنڭ جاسوساق حركتى بونولاركە سينى گوديالك انباتلايدو .

شونگدەك رسمى خدمت بلەن كەلگەن خدمتچيلرنڭ خدمت سرتيدا اوزيچە بعضى اشلارنى قلشى مثلا : معارف خدمتى بلەن كەلگەن جمال الدين قارى ولايتمزگە كيلەب اوز خدمتيگە مناسبتى بولماغان قاراب اشنى توگەتمەسدين اوبون تماشە و توى بلەن مشغوللاندى . اونڭ اوستيگە ياشلارنڭ آخشاماق كوڭل اچش مشروبلاريگە نظام نامە توزەب ، سياسى توسلوك تشكيلاى اومەككە آيلاندوروشقا اورونوشى

مفتش بولغان بو كشى اوز خدمتىنى تو-
گوتوب ، اوز صفتى بلەن قايتشى لازم
ايدى .

شيەچەنك و باشقلار اوز ئاوازى حكو-
متنىڭ اوروميچىگە كوچكوچى خطابلارغاوا-
لى محكمەسى بلەن برلكدە بيرش اوچون
بەرگەن پولىنى اوزىچە معلوم كشىلرگە
بيريب قوچب كەتدى .

سابلام گو-پيا باشلىغى جوڭ دېخوا
افندى كيلب خلقيمزنىڭ نفرتلەنگەن كشى-
لرى بلەن صحبت ايتشكە اوروندوشى ، بو
ئش حكومت اعضاسى بولغان جوڭ دېخوا
افندىگە مناسب امەس ايدى . بوننىڭ اوز
آبروينى چوشوردى . بوندىن باشقا يوز-
لوز منفوللرينى قارا شەرگە كوچوروش
اوچون بور گوزبلىدوانقان هيچ بر اساسسز
حركت و تشويقلار هملە اوچ توربانىدا
سابلام وقتيدە عسكرى باشلقلار قورال بلەن
خلقنى قورقتوب ، خطالق قىلغنى اوز
اورنىدا قالدوروش بولارغا حكومتنىڭ بو-
گونكى كونگىچە كوزگە كوروندەرلك چارە
قوللانماسلىغى اولارنىڭ كملرگە بولونىد .
خانلغىنى گمان قىلشدىن آيدىڭلاشتورماق-
دا . يوقورقى حركتلرنى قلغوچيلار خلق
طرفيدىن كونلدىن . كونگە تولوغراق
قنش قلنماقدا و خلقنى غضبلەندورمەكدە .
يوقورقيلارغا حكومت طرفيدىن تزلكدە و
جدى چارە كورولمىسە خلق طرفيدىن چارە
كورولوب بنم گە نسبتاً برور كىلشىمە-
لكلرنىڭ توغولوش احتمالى عملىاتدە سيزل-
مەكدە .

4 . يقندا ايلنغان خبرلرگە قاريغاند-
دا اوروميچى حكومت مسئول خدمتچيلرى-
دين برى غولجادا 6 نىلبكى گريقنىڭ 5

قىدىكسىنى توختوتوب ، فقط اويغور تلىدا
چقرشقا و مضمون طرفدين سوز تەركز-
لىگىنى چەكلەشكە ، نامىنى « ايلى شنگ-
جاڭ گزيتى » دەب اوزگەرتشگە بويروق-
غن .

اگر اوروميچىدە توزلك كشىلرگە ما-
يون دوللار لاب بيرلگەن مكافتلار بولمىسا
ايدى ، سافچى ادارەلر خراجتى اونچەچق
بولمىسا ايدى ، عسكر آز بولسا ايدى ،
و گزيت نامىنى اوزگەرتش دېگەن سوز
بولمىسا ايدى — بو ئش اقتصادى قيسق-
لشدىن كيلب چققن دەب بولار ايدى .
مللر برابرلك پرينسيپيدا ، مطبوعات حر-
لىكىگە قلنغان بو هجوم هيچ بر اساسسز ،
اما نهايتى زيبادلق حركتدور . بو ئش
انقلاب نتيجەسيدە بنم آساسيدا خلقنىڭ
قولغا آلغان گوديلىك بر اونوغىنى تارتب
ايلشقا اوروندوش دەب حسابلنىدو .

5 . بتمنىڭ 11 . ماددسيدە « حاضر-
قى وقتدە گەعلاقىدار ... نىڭ كىلەچەكدە
هيچ قانداق سببلار بلەن سقلماسلغىنى حر
ايكى طرف كفلەتلدوردو » ديگەن ايدى.
هالبوكى آفسوغا ، بايقا قايتماقچى بولغان
مهاجرلار هيچ اساسسيز ، سببسز توتو-
لوب ، حقارتلنب ، كورميگەن جبرلارنى
كوروب ، موزدا اندا تورغان خطاى حر-
بى قسملرى طرفيدين اوق ياغدورولوب ،
كەينيگە چكندورولوب ، بنمگە هيچ بر تو-
رى كەلميگەن توتقونلوققا اوچرايدو .
قيينچلقدا 142 كشى اولوب تورغونى اغرب
موشو كونگىچە باللنسيەدە بايدى .

6 . حكومتنىڭ حاضرقى اقتصادى سيا-
سيتى كوبچولىك خلق تورموشىنى ئيغر-
لاشتوروشقا باشلامادا . مثال : خلق

وكيلىرينىڭ قارشلغيدا قاريماسدين چقريـ-
لواتقان قەغەز پول بازار بهاسينى برگە
ايككى اشوروشقا سبب بولوب، يېقن
كونده خلق تورموشينى نهايت قيينلاشتو-
روش كورونەدى.

7 - اوچ ولايتدە (ايلى، تارباغاتاى، آلتاى) قاريتا اقتصادى سيقش سياسيتى يورگوزولمەكدە. ادارەلر تيگىشليك سوممەسينى 2 - 3 آيدين كيين ايليب، شو-نىڭ نتيجەسيدە خذمتچيلر تورموشى نهاي-تى قيينلاشماقدا و دولت اشلرى، مكتب، معارف ئشلرى، مدنيت، صنعت ئشلرى ارتقا تارتلماقدا.

بز مجلسكە قاتناشقان اعضالار يوقار-قى فاكتلارغا اساساً وطنمزنىڭ بو گونكى احوالىغا تۆوەنديكيچە بها بەردوك.

1 - مركزى خطاى حكومتى بلەن بولغان توختام فقط ايلى، تارباغاتاى و آل-تاى ولايتلريدە تولوق توغرى و تزلكدە عملگە آشماقدا. قالغان ولايتلردە سابق حاكميت قويروقلرى خيلى ضربيگە اوچ-راب شرقى توركستان خلقينىڭ عامەوى انقلابى هركتى بتىم آلدىديكى شرائطگە نسبتاً بچە حصە كوچەيگەن بولسيمو، سابق ظالم حاكميت كوچلرى خيله مهم اورونلاردا، خصوصاً جنوب او مركزى ادارەلردە ساق-لينيپ كەلمەكدە. بولارغا خلق آرسيـ-دين چققان آز ساندق ساتقونلار ياردەم قلماقدا. و بولار حكومت دائرەسيدە بر قدر حمايەگە ايگە بولماقدا.

2 - شرقى توركستان خلقلرينىڭ تور-موشينى يڭلاشتوروش و مدنيت - آباد-لقغا باشلاشقا تيگىشليك بولغان اولكولوك حكومت اعضالرى همەسى بر صفدە تو-روب، يوقارقى مقصد اوچون قطعى نيت بلەن اش يورگوزمەى اولكولوك حكومتنىڭ عمومى خذمت يوزيدە برلكدە خلقچيلق نقطەسيدە قطعى تورميغانلقدين كيلب چقتى. بو [illegible] -لرى، تنچلق دوشمەنلرى بولغان عكس ال-حركتچيلر اوچون ياردەم قلماقدا. اولكو-لك حكومتنىڭ خلقچيلق دامىغا شوڭلق بلەن خلق آلدىدىكى ايناۋيتيگە توزەتكوسز ضر-بە بەرمەكدە.

3 - استبداد قالدوقلرى قالقان ولا-يتلرديكى عكس الحركت بلەن چەكلەنمە-دين، قوراللق كورەش بلەن حقوق آل-غان آلتاى، ايلى و تارباغاتاى ولايتلريـ-گيمو اشدى روشدە سياسى و اقتصادى هجوم يورگوزمەكدە. اما بو هجوملارنىڭ مقصدى و سرلرى كوندين كونگە خلق طرفيدين ضربەگە اوچراب فاش قلنماقدا. و غضبينى كوچلەندورمەكدە.

اوشبو وضعيتنى مذاكرە قلغان بز انقلابچل باشلار تشكيلات اعضالرى خلقنىڭ منفعتى اوچون اشلەش يوليدا تزلكدە تو-بەنديكى چارەلرنىڭ مركزى كاميتت طـ-رفيدين قطعى يورگوزولىشينى طلب قلب قرار قلدوق.

1 - يوقارقى بندگە خلاف بولغان اشلارنى يوقتوش اوچون كوريلىۋاتقان حاضرقى چارەلرنىڭ عاجزلغينى اعتبارغا اي-لب، او اشلارنىڭ بو گونگيچە دوام قلشي-نىڭ سببلرى و موندين كيين كورول-گوسى چارەلر خصوصيدا اولكولوك حكومت-دين ايضاحات سوراش ايلى ولايتنىڭ والى محكمەسيگە تكليف قلنسون. بو توغوردا اولكولوك حكومت تركيبيديكى خلق وكيل-

اوبگه بی واسطه مراجعت قیلسون .
2 ـ عكس الحركتچی عنصرلار سوینك
خلقدین یوشوروب نباشیك خلق سیاسی
هوشیارلیغینی و انقلابی تیارلیق بیرلیگینی
مستحكملەشده ئولینی زیادلاق ایكەنلیكینی
اعتبارغا ئیلیپ ، خلق ایچیدەشو سرلارنی
فاش قیلیپ ، اولارنیك مقصدینی چوشەندو-
روش اوچون كەلك توردە تشویقات یور -
گوزوش اعضالرگه وطن پرور ضیالیلارغا
تكلیف قیلنسون .

3 ـ بارلیق اعضالار و یاشلار بوگونكی
سیاسی وضعیتنیك و خلق دوشمەنلرینیك
قایتەدین حركت قیلیوانقانلیغینی بر مبر
توتمو خاطردین چقارمەی اوزلرینیك سیا-
سی هوشیارلیغینی ، وطن پرورلیك حسیا-
تینی یەنیمو آشوروب یاشلار تشكیلاتینی
مستحكملەش اوچون كورەشنی جدیلەشتور-
سون .

ی . ش . ت . ا . ی . تشكیلاتینیك
غولجا شهرلیك تشكیلات اعضالری .

# ئاتوم اینرگییەسینی تنچلق مقصددە ئیشلەتیش ئیمكانیيەتینی ئانقلاش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئامېرىكا نېمە توسقونلۇق قیلیدو ؟

**گ . دوبینتسكین**

( آمیریكا مطبوعاتینیك ورقلریدین )

ئاتوم بومبسی ئیزیلغاندین كیین كوب كیشیلر آتوم عصری باشلاندی دیب حساب-لیدی . آمیریكادا 1945 ـ یلی حاضرقی ییل حسابینیك كالیندارئی یوتوب ، آتوم ئیراسینیك یینگی ییل حسابینی باشلاشنی تلەیم قیلغوچی گەپچیلەرمو پیدا بولدی .

اونكەنكی وقتدا آتوم اینرگییەسینی یوتیجی آدەم تنچلق اوچون فایدالانیش بولیدا مشهور فنی ایجادییەتنیك كەلگوسی-نی توزەوشقا آشوروشقا ئیجادكار ئیشلەتكەن ایدی ؟

هر كیمگه معلوم آتوم اینرگییەسینك دسلەپكی گودیلینشی آتوم بومبیسی بولدی . بو ، عمەلنی هلاك قیلدیغان ، قاموبدین آرتوق ئنج شهر وه آهالیسیغا قورقونچ تودورودیغان یینگی قورال ایدی . بو ایجادیاتنیك یاشقیچه قوللونیلیشی-

شی ـ خلقنیك یختلك تورمیشی ، فن هم مدنیيەتنی كوتوروش مقصدیدە آ-توم اینرگییەسینی تنچلق اوچون ئیشلیتیش-تیدور . لیكین بو كیینكی اوصول خیلی كام مذاكیره قیلنغان ایدی . بونیگغا سو-قوش وقتیدیكی آمیریكا وه انگلییەنیك آتوم بومبیسینی ایجاد قیلشقا قاتناشقوچی عالیم-لری ، آتوم اینرگییەسینی ئیشلەتشكه حیسابسیز یوللی صرف قیلنغان وقتدا اونی تنچلق اوچون ئیشلیتیشگه هیچ قاندای اهمیيت برمەسلیكی اثبات بولودو .

آتوم اینرگییەسینی تنچلق اوچون فای-دیلینش مسئلەسینی مذاكیره قیلماسلق ، عملی تجربیدە یوتونلەی یوق گوزولمە-لیك ، آتوم اینرگییەسینك تنچلق اوچون قوللونوش مقصدینك كیلەچیگینی قانداق بولیشقانلیغینی كورسوتیدو . بو حالیش آتوم اینرگییەسینی تنچلق اوچون قوللو-

نوشقا توسقونلوق ئالموچىلارنىڭ عجايىپ
خىيالى نەرسىلەردەك « ئاتوم عصرىنىڭ باي -
لىق » كارتىناسىنىڭ ئاخرقى چەكدىكى -
ئىشەنمەسلىكنىڭ دەرەجەدە بولوشىغا توشو -
نۇشكە باشلاب ، ئەورەنمەكدە .

ئامېرىكادىكى عمومى وە فەننى - تەخ-
نىكا ژورنالليرى بورەسەيلەشكەن موضوع
بىلەن تولغان ئىدى . ئونى كەڭ رەوىشدە
راديو وە گېزىتلار ئاممىغا تارانماقدا .
ئاتوم ئىنېرگىيەسىدىن فايدىلىنىش مەسئىلىسى
توغورسىدا ئوقلاب كەتەب هەم كتابچىلار -
مو بېسىلىب چىقتى . لەكىن بو بېسىلغان
نەرسىلەرنىڭ مضمونى ، سانى بىلەن تە -
نور موتەناسىب ئىدى . بونىڭدىن عملى
تجرىبەنىڭ قانچىلىك بولغانلىغى ، ئاتوم ئىنر -
گىيەسىدە فنى - تەشوروش ئىشلەرىدىكى
بوشورغان ئامېرىكا حربى حاكمىيەتىنىڭ سە -
ياسى تاءثىرى قانداق ئىكەنلىگىنى كور -
سوتودو .

ئامېرىكادىكى تېخنىكا ژورناللەرىنىڭ ئاز
قسملەرىدىلا ئاتوم ئىنرگىيەسى كومور ،
نېفت وە باشقا كوچلەرنىڭ منبعىنى بېرە -
لەمدو ، قاچان وە قانداق ؟ شرطلەر بىلەن
دېگەن نەرسىلەر توغورسىدا يېزىلىدى .
مونداق حيسابلاشنىڭ بارىغى ئاتوم ئىنر -
گىيەسى بىلەن باشقا كوب نەرسىلەرنى تە -
دا قىلىشدا بورونقى ئىشلەنگەن خام ئىشيالەر -
نىڭ اهمىيتى توبەنلەشىدو .

مونداق حيسابلاشلار كوب نامە -
لوملوك تەشكىلاتلارنى يېشىب قاراشقا ئوخ -
شاشدور ، ئامېرىكانىڭ بعضى بر عالىملەرى -
نىڭ ئايتىشىچە مونداق فكر يورگوزگوچى -
لەر توغرى بولمىغان يولغا بونەلگەندور .
بازغوچىلار ئاتوم ئىنرگىيەسىنىڭ چوڭ خ -
صوصىيتىنى حيسابلىماسدىن ، ئولار ئوز -
لىرىچە ئونوڭدىن فايدىلىنىشنى عادەتدىكى
شرطلاردە حاضرقى ئىنرگىيە منبعلەرى
بىلەن رقابتلىشىشى دەب حيسابلايدو . ئا-
مېرىكانىڭ ملى فەن ئاكادېمىيەسىدىن وە -
كىل قىلىنغان ۋاشىنگتون ئونىۋېرسىتىتىنىڭ
مدىرى ئارتور كومپانىڭ داكلاتىدا موندىن
ئوز يىل بورون قارادى ئېلېكترو - تېخنى -
كىغا ئاساس سالماسدىن بورونقى ئېلېكتر -
دىن فايدىلىنىش دەرەجەسىنى ئالدىن سې -
زىش قانچىلىك بولسا ، حاضرقى وقتدىكى
ئاتوم ئىنرگىيەسىنى مهم بولغان مىداندا
قوللونوش اصولىنى ئالدىن ئەيتىش شونچى -
لىك قېيىن دەب ئىدى .

ئاتوم ئىنرگىيەسىنىڭ تنچلىق ئوچون
ئىشلىتىلىشىنىڭ مومكىنلىگى توغورسىدىكى
ئامېرىكا مطبوعاتىدا يورگوزولگەن نور -
غون ، تورلوك رەڭدىكى فكر يورگو -
زوشلەر ئارىسىدا ، كلىنتون لابراتورىيە -
سىنىڭ نەزەرى فزىكا سېكسىيەسىنىڭ رەه -
بەرى ئالۋىن وە ينبىرگنىڭ « نيوريبابلىك »
هفتىلىك مجموعەسىدە يېزلغان فكرى مهم
دقت قاشقا ئىگە . وە ينبېرگ ئاتوم ئىنر -
گىيەسىنىڭ ئادى يېقىش ئىنرگىيەسىدىن
ئوندون رەوىشدە فرقلىنىشىنى وە ئونى ئاي -
رىمچە مقصدكە لايىق رەوىشدە فايدىلىنىش -
قا مەجبور ئىكەنلىگىنى كورسوتىدىغان
بەش تورلوك خصوصيتىنى كورسوتوب و -
تىدور .

1 . ئاتومنىڭ ئىچكى ئىنرگىيەسى پەي -
دا بولغاندا فوق العادە نور وە كوچلوك
نور ئېقىمى ( گامما . نورى وە نېيترون
ئېقىمى ) پەيدا بولىدو . بو خبروسىم وا -
قىعەسىدە كوب ئولومەرگە وە خافلرنىڭ

ئونگدىن ، سۆيۈنۈشى ئۈچۈن كۆمۈر يېقىپ
ئىستىھكاملار قۇرۇشقا سەۋەب بولدى .
ئورتا چاغلاردا بۇ نۇرنى چىقىرىش ، داۋالاش
ئىشلىرىدە مەسىلەن : قول تامغىلارنى داۋالاشتا
كەلگەن روشەندە پايدىلىنىشقا بولار ئىدى .
ۋەنىڭ تەسىرى مەلۇم ماددە رېنتگېنىنىڭ
كۈچلۈك تەسىرىگە ئوخشاش . شۇ جەھەتتە
بۇ نۇر چىقىرىش تارقىتالىغان خىمىيەۋى رېئا-
كسىيەلەردە پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولىدۇ .
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، يېڭى خىمىيە سانائىتىگە
يول ئاچىدۇ .

2 . ئاتوم ئېنېرگىيەسىنى قوللانغاندا
تۇرۇش بۇ ۋاقىتقىچە ئىنسانلار ئىگە بولالمىغ-
ان چەكلىك رادىئو ئاكتىپ ( مىچ قىز-
دىق سىرتقى تەسىرسىز كۈچ ئايرىغۇچى )
ماددىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئىمكان بېرىدۇ .
تولىمۇ رېئاكسىيەنى ئورنىتىش مىلىيون-
جۇدالىدىكى بارلىق ئېلېمېنتلارنى رادىئو
ئاكتىپلىق قىلالايدۇ . بۇ رادىئو ئاكتىپ-
لىق ئېلېمېنتلار مېدىتسىنادا
سانائەتتە ( مەسىلەن : مەدەنلەرنى ئېرىتىشنى
سىناشتا ) پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولىدۇ . قى-
قىسى ئۇزۇنلۇق پەننى تەكشۈرۈش ئىشلىرىدىكى
ئەھمىيىتى تولىمۇ چوڭ . مەسىلەن : رادىئو ئا-
كتىپلىق كۆمۈر ماددىسىدىكى « ئۇنكور »
دەپ ئاتالغان ئاتومنى ئۆگىنىشتە ئۆسۈم-
لۈكلەردىكى كۆمۈر ماددىسىنىڭ يۆتكى-
لىش بىرلەشمىلىرىنى ئېچىش مۇمكىن . بۇ بىر
لەشمىلەرنى لابوراتورىيەدە ئىشلىتىش بۇ-
لىنىڭ چىقىشى سانائەت دائىرىسىدە ئىشلىتىشكە
ئىمكان بېرىدۇ ، بۇ ، كېلەچەكتە يېقىش ۋە
ئوزۇق ئونۇملىرىنى ، تۈگىمەس مەن-
بە قوللانغانلىقى مۇمكىن ئىكەنلىكىگە
ئىشەنچ قىلدۇرىدۇ . ۋەنىڭ بىرگە بۇ مەسىلىنى پەن

شىشكە رۇخسەت بېرىلىشنى ، ئاتوم ئېنېر-
گىيەسىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشىدىمۇ ئا-
زدۇق ئۆگىنىش بېرەر ئىدى دەپ ھېسابلاي-
دۇ . رادىئو ئاكتىپ ئېلېمېنتلار نۇرلۇق
ئاغرىقلارنى تېپىش ، يېڭى خىمىيەۋى تەك-
شۈرۈشلەر ۋە ئىشلەپ چىقىرىش جەريانىنى
تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا
مۇمكىن .

3 . ئاتوم ئېنېرگىيەسىنىڭ چوشى كېس-
لارنى تەلەپ قىلمايدۇ . بۇ ، سۇ ئاستى
كېمىلىرىنى يەر گۈزۈشكە ئەپلىك بىر كۈچ-
دۇر . ۋەزىپىسىنىڭ پىكىرىچە كېلەچەكنىڭ
ھەربى دېڭىز فلوتى سۇ ئاستىدا قالدۇق
تېزلىك بىلەن يۈرسە ، نەھايىتى چوڭ ئورۇنلا-
دىكى سۇ ئاستىدىمۇ شۇ تېزلىكتە ھەرىكەت-
لىنەلىگۈسى .

4 . ئېچكى ئاتوم ئېنېرگىيەسىنىڭ پەي-
دا بولۇشى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆيۈشقان كۈچ-
دۇر . بۇ ئاركتىكا ۋە پولانىتلارنىڭ ئار-
سىدىكى ئاريالىنى تېز ئوتۇشتە بولىدىغان
چوڭ كۆللەمدىكى يېقىش تەسىرلىرىنى ئېلىپ
